# شىنجاڭ گېزىتى

2020 - يىل 2 - ئاي
18
سەيشەنبە
维吾尔文 2 月18日

新疆日报网：www.xjdaily.com   شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
CN 65—0002/—W   مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى:

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1—57   ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com   24975 - سان   بۈگۈن 2 بەت


## جاسارەت بىلەن جەڭ قىلىۋاتقان بىرىنچى سەپتىكى تېببىي خادىملارغا ئېھتىرام بىلدۈرەيلى

□ خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى

تېخنىكىسى كامالەتكە يەتكەن دوختۇرلار ئالىيجاناب پەزىلىتى بىلەن چەكسىز مېھىر - مۇھەببىتىنى يەتكۈزمەكتە. تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى ئالدىدا، پۈتۈن مەملىكەتتىكى كەڭ تېببىي خىزمەتچىلەر ئەسلىي مەقسىتىنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، پارتىيەنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، ھەققانىيەت يولىدىن قايتماي، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش بىرىنچى سېپىگە ئاتلىنىپ، ۋاقىت بىلەن بەسلىشىپ، كېسەللىك بىلەن كۈچ سىنىشىپ، قەيسەرلىك بىلەن ئېلىشىپ، كېچە - كۈندۈز جاسارەت بىلەن جەڭ قىلىپ، پارتىيەگە، خەلققە يۈكسەك مەسئۇل بولىدىغان روھىي قىياپىتىنى نامايان قىلدى. بىز يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنىڭ بىرىنچى سېپىدە جاسارەت بىلەن جەڭ قىلىۋاتقان تېببىي خادىملارغا ئەڭ ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرىمىز! يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى قوغداشتىكى بىر مەيدان كەسكىن كۈرەش، كەڭ تېببىي خىزمەتچىلەر جەڭ مەيداندىكى مۇستەھكەم تۈۋرۈك. باش شۇجى شى جىنپىڭ بىرىنچى سەپتە جاسارەت بىلەن جەڭ قىلىۋاتقان تېببىي خىزمەتچىلەرنىڭ مېھرىبان،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

## ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە غەلىبە قىلايلى

### ئاپتونوم رايون سىن يىغىنى ئېچىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەركەز ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش كومىتېتىنىڭ 12 - قېتىملىق يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى، ئۆگەندى، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى تەتقىق قىلدى، ئورۇنلاشتۇرما قىلدى

# يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت قوش غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش كەسكىن جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىش كېرەك

### چېن چۈەنگو يىغىنغا قاتنىشىپ ھەم سۆز قىلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **ياۋ تۇك، ۋاڭ شىگرۇي** خەۋەر قىلىدۇ: 2 - ئاينىڭ 17 - كۈنى، ئاپتونوم رايون يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتى سىن يىغىنى ئېچىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەركەز ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش كومىتېتىنىڭ 12 - قېتىملىق يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى، ئۆگەندى، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى يەنىمۇ ئورۇنلاشتۇردى، ئورۇنلاشتۇرما قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى چېن چۈەنگو يىغىنغا قاتنىشىپ ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ھەم يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىش، ھەم يۇقۇمنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرىنى ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرۈپ، بۇ يىللىق ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى نىشانىنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇش — يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىزگە تاپشۇرغان مۇھىم، زور ۋەزىپە، بىر قېتىملىق چوڭ جەڭ، چوڭ سىناق، شۇنداقلا ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى، ھۆكۈمەتلەر ۋە ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ مۇھىم، زور سىياسىي مەسئۇلىيىتى. پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ئورۇنلار، ھەرقايسى تارماقلار «تۆت ئاڭ»نى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئىدىيە ۋە ھەرىكىتىنى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزى، مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھى ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا يەنىمۇ بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئەسلىي مەقسەت، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىنى پۇختا تۇرغۇزۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى باشتىن - ئاخىر بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ، ئىشەنچنى چىڭىتىپ، غەيرەت ئۈستىگە غەيرەت قوشۇپ، جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەپ، قانچە جاپالىق، خەتەرلىك بولغانسېرى شۇنچە ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان كۈرەش روھى بىلەن، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت قوش غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش كەسكىن جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىپ، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىش ۋە «13 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلاننى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

بىرىنچىدىن، چوڭ جەڭ، چوڭ سىناققا دۇچ كېلىدىغانلىقىمىزنى سەگەكلىك بىلەن تونۇپ يېتىشىمىز كېرەك. ھازىر، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ئەڭ كۈچىيىدىغان ھالقىلىق باسقۇچتا تۇرۇۋاتىدۇ، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدا ۋەزىپە مۇشكۈل، ئېغىر. تۆۋەن چەك تەپەككۇرىدا چىڭ تۇرۇپ، كۆلپەت ئېڭىنى كۈچەيتىپ، مەسىلە يۆنىلىشى، نىشان يۆنىلىشى، نەتىجە يۆنىلىشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك، قىيىنچىلىقتىن قورقۇپ بوشاڭلىق قىلىشقا بولمايدۇ، قارىغۇلارچە ئۈمىدۋار بولۇپ كېتىشكە تېخىمۇ بولمايدۇ، ھەقىقىي تۈردە قىيىنچىلىقلارنى يەنىمۇ تولۇقراق مۆلچەرلەپ، مەسىلىلەرنى يەنىمۇ چوڭقۇرراق ئويلىشىپ، تەدبىرلەرنى يەنىمۇ ئەتراپلىقراق تۈزۈپ، يېتەرسىزلىكلەرنى كۈچەپ تولۇقلاش، يوچۇقلارنى ئېتىش، ئاجىز تۈرلەرنى كۈچەيتىشكە كۈچەپ، جەزمەن غەلىبە قىلىش ئىشەنچىنى چىڭىتىپ، پائال، تەشەببۇسكارلىق بىلەن نەتىجە يارىتىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى قىلچە بوشاشماي ياخشى تۇتۇپ، ئىقتىسادنىڭ ئايلىنىشىنى تەكشەشنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىنى پۇختا ئىگىلىشى كېرەك.

ئىككىنچىدىن، مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىش روھى بىلەن چوڭ جەڭ، چوڭ سىناققا يۈزلىنىشىمىز كېرەك. كەڭ پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلار ئېغىر يۈكنى بىلىپ تۇرۇپ زىممىگە ئېلىش، قىيىن ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ ئىلگىرىلەش، سىناقلارغا بەرداشلىق بېرىش، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىش، مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىش جاسارىتى، ئىلمىي ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش پاراستى، بىرتۇتاش پىلانلاپ تەڭ ئېتىبار بېرىش پىلانى، تەشكىللەپ يولغا قويۇش ئىقتىدارى بىلەن، مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىش، مەسئۇلىيەت ئالدىدا جاۋابكار بولۇش، مەسئۇلىيەتنى تولۇق ئادا قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ھەقىقىي تۈردە يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى پۇختا، ئىنچىكە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، چوڭ جەڭدە ئەسلىي مەقسەت، بۇرچنى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ، چوڭ سىناقتا لاياقەتلىك جاۋاب قەغىزىنى تاپشۇرۇشى كېرەك؛ كەڭ تېببىي خىزمەتچىلەر بىرىنچى سەپنى چىڭ ساقلاپ، غەيرەت ئۈستىگە غەيرەت قوشۇپ، باتۇرلارچە جاسارەت بىلەن جەڭ قىلىپ، ھەقىقىي تۈردە جەڭ مەيدانىدىكى مۇستەھكەم تۈۋرۈكلۈك رولىنى ھەقىقىي ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلىنىپ ئاغرىقلارنى ياخشى قۇتقۇزۇشى، ياخشى داۋالىشى كېرەك؛ ھەر مىللەت ئامما بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلىپ، كۆپچىلىك بىر نىيەتتە ئويلاپ، بىر مەقسەتتە كۈچ چىقىرىپ، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشنىڭ قۇدرەتلىك بىرىكمە كۈچىنى شەكىللەندۈرۈشى كېرەك.

ئۈچىنچىدىن، كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ، چوڭ جەڭ، چوڭ سىناققا يۈزلىنىشىمىز كېرەك. قىلچە تەۋرەنمەي يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى چىڭ، ئەمەلىي، ئىنچىكە تۇتۇپ، ئىلمىي، دەل جايىدا ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتە چىڭ تۇرۇپ، بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەش سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، سىرتتىن كىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئىچكى جەھەتتە تارقىلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىن ئىبارەت ئىككى چوڭ ھالقىنى چىڭ تۇتۇپ، مەھەللە ۋە يېزىلارنى دائىرىلەشتۈرۈپ باشقۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

### ئۈندىداردا ئالدىن كېلىشىش   مالنى ئىشىك ئالدىغىچە يەتكۈزۈش

## ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەمىنات - سودا سىستېمىسى كۆپ خىل تەدبىر ئارقىلىق، يېزا ئىگىلىكى ئەشيالىرى تەمىناتىغا كاپالەتلىك قىلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز شى شىننىڭ ئاپتونوم رايونلۇق تەمىنات - سودا ھەمكارلىق كوپېراتىپى بىرلەشمە كوپېراتىپىدىن ئۇقۇشىچە، يېقىنقى كۈنلەردىن بۇيان، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى تەمىنات - سودا سىستېمىسى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى ياخشى ئىشلەش بىلەن بىللە، يېزا ئىگىلىكى ئەشيالىرى بىلەن تەمىنلەش مۇلازىمىتىنىڭ ئاساسىي يوللۇق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئەتىيازلىق تېرىلغۇغا تەييارلىق قىلىش خىزمىتىنى تەرتىپلىك ئالغا سىلجىتىپ، يېزا ئىگىلىكى ئەشيالىرى تەمىناتىنىڭ يېتەرلىك بولۇشىغا پۈتۈن كۈچ بىلەن كاپالەتلىك قىلغان.

يېقىندا، ئاپتونوم رايونلۇق تەمىنات - سودا ھەمكارلىق كوپېراتىپى بىرلەشمە كوپېراتىپى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، تاقابىل تۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا جىددىي ئۇقتۇرۇش تارقىتىپ، ئەتىيازلىق تېرىلغۇغا كېرەكلىك يېزا ئىگىلىكى ئەشيالىرى تەمىناتىنى ئورۇنلاشتۇرما قىلدى. شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ماددىي ئەشيالىرى(گۇرۇھ) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى بارلىق ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە «يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش، تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش تەشەببۇسنامىسى»، كەڭ دېھقان ئائىلىلىرىگە «تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش، باھانى مۇقىم قىلىش ۋەدىنامىسى» تارقىتىپ، تۈرلۈك زاپاس ساقلاش، يۆتكەش، تەمىنلەش خىزمىتىنى مۇددەتتىن بۇرۇن ياخشى ئىشلىدى. ھازىر، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى 14 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردىكى يەتكۈزۈش مەركىزى، 66 ناھىيە تەۋەسىدىكى شىركەت ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق تور نۇقتىلىرى، 1000غا يېقىن ئىشچى - خىزمەتچى پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلىنىپ، ئەتىيازلىق تېرىلغۇغا كېرەكلىك يېزا ئىگىلىكى ئەشيالىرى بىلەن تەمىنلەش خىزمىتىگە كاپالەتلىك قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە يۈننەن، گۇيجۇۋدىن فوسفورلۇق ئوغۇت يۆتكەپ شىنجاڭغا كىرگۈزۈش سالمىقىنى زورايتتى. سانجى، ئىلى، ئاقسۇ، تارباغاتاي قاتارلىق جايلاردىكى تەمىنات - سودا كوپېراتىپلىرى تېزدىن ھەرىكەتكە كېلىپ، ھەرقايسى جايلاردىكى ئەتىيازلىق تېرىلغۇ بازارلىرىنى تەكشۈرۈشنى مۇددەتتىن بۇرۇن ياخشى ئىشلەپ، ئالاقىدار يېزا ئىگىلىكى ئەشيالىرىغا ئالاقىدار سېتىش كارخانىلىرىنىڭ تەڭشەپ تەقسىملەش سالمىقىنى ئاشۇرۇشىغا پائال ھەيدەكچىلىك قىلدى.

يېزا ئىگىلىك ماددىي ئەشيالىرى گۇرۇھى «دوستلۇق بوشلۇقى» يىراقتىن ئىش بېجىرىش سىستېمىسىنى ئاچتى ھەم پۈتۈن ئاپتونوم رايوننى قاپلىغان «دېھقانلار شادلىقى» زەنجىرسىمان يەتكۈزۈش تورىغا تايىنىپ، «ئۇچراشماي سېتىش» ماركېتىنىڭ ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئوتتۇرىدىكى ھالقىلارنى ئەڭ زور دەرىجىدە ئازايتىپ، دېھقانلارنىڭ سېتىۋېلىش تەننەرخىنى تۆۋەنلەتتى. سانجى، قەشقەر قاتارلىق جايلاردىكى تەمىنات - سودا كوپېراتىپلىرى خېرىدارلار ئۆزى ئېلىپ كېتىش، تور ئەشيا ئوبوروتى APPسىدا زاكاز قىلىش، مەركەزلەشتۈرۈپ يەتكۈزۈش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق يەتكۈزۈشنىڭ ئەڭ تولۇق بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇردى. ئىلى، تارباغاتاي قاتارلىق جايلاردىكى تەمىنات - سودا كوپېراتىپلىرى ئېلېكترونلۇق سودا ئارقىلىق سېتىش، ئۈندىدار، تېلېفوندا ئالدىن كېلىشىش، مالنى ئىشىك ئالدىغىچە يەتكۈزۈش قاتارلىق خەلققە قولايلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، دېھقانلارنىڭ ئېھتىياجىغا كاپالەتلىك قىلدى.

پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ تەمىنات - سودا سىستېمىسىدىكى يېزا ئىگىلىكى ئەشيالىرى ئوبوروت كارخانىلىرى ۋە يېزا ئىگىلىك ماددىي ئەشيالىرى گۇرۇھى يېزا ئىگىلىكى ئەشيالىرىنىڭ سۈپىتىنى سۈرۈشتۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلغان ئەھۋالدا، سودا - سانائەت، سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى قاتارلىق فۇنكسىيەلىك تارماقلارغا پائال ماسلىشىپ، ساختا يېزا ئىگىلىكى ئەشيالىرىغا زەربە بېرىش مەخسۇس تۈزەش پائالىيىتىنى بىرلىكتە قانات يايدۇرۇپ، ھەقىقىي تۈردە يېزا ئىگىلىكىگە ئىشلىتىلىدىغان ئوغۇتنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىپ، دېھقانلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداپ، دېھقانلارنى تۇزاققا دەسسىتىش، دېھقانلارغا زىيان يەتكۈزۈش ۋەقەلىرىنىڭ يۈز بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئالدى.

ھازىرغا قەدەر، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى تەمىنات - سودا سىستېمىسى 300 مىڭ توننا خىمىيەۋى ئوغۇت، 800 توننا دېھقانچىلىق دورىسى، 2500 توننا سولياۋ يوپۇق تەييارلاپ، ئەتىيازلىق تېرىلغۇ بازىرىنىڭ ئېھتىياجىغا كاپالەتلىك قىلدى.



2 - ئاينىڭ 16 - كۈنى دۆلەت ئېلېكتر تورى ئۈرۈمچى توك بىلەن تەمىنلەش شىركىتىنىڭ 220 كىلوۋولتلۇق لاۋمەنچېڭ ترانسفورموتور پونكىتىدا ئىشلەۋاتقان خىزمەتچى خادىملار چارلاپ تەكشۈرمەكتە. يېقىنقى كۈنلەردىن بۇيان، بۇ شىركەت پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئاۋانگارتلىق، نەمۇنىلىك، باشلامچىلىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش بىلەن بىللە، پۈتۈن كۈچ بىلەن توك بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىدى.

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز خەن لياڭ فوتوسى

توك بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش

## شۇۋرغانلىق ۋۇخەندىكى «شىنجاڭ شېرىن تەمى»

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز چاۋ جىن

2 - ئاينىڭ 15 - كۈنى، ۋۇخەندە قار - يامغۇر يېغىپ ۋە بوران چىقىپ، تېمپېراتۇرا بىردىنلا نۆلدىن تۆۋەن ئۈچ سېلسىيە گرادۇسقا چۈشۈپ قالدى، مۇشۇنداق پەيتتە، يۇرتىمىز خەلقىنىڭ غەمخورلۇقى ۋە تىلىكى يۈكلەنگەن بىر يۈك ئاپتوموبىلىدىكى 21 توننا ئاقسۇ خۇڭفۇشى ئالمىسى نۇرغۇن كىشىنىڭ قەلبىنى شېرىن تۇيغۇغا چۆمدۈردى.

2 - ئاينىڭ 15 - كۈنى سائەت 15تە، ئۇزۇنلۇقى 13 مېتىر كېلىدىغان بىر يۈك ئاپتوموبىلى شىنجاڭنىڭ 1 - تۈركۈمدىكى خۇبېيغا ياردەم بېرىش داۋالاش ئەترىتىنىڭ تۇرۇشلۇق جايىغا كېلىپ توختىدى، ئاپتوموبىلغا قاچىلانغىنى شىنجاڭ خۇڭچېيو يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات گۇرۇھى چەكلىك شىركىتىدىكىلەر ئىسمىنا قوشۇپ ئىشلەپ تاللاپ، ئوراپ قاچىلىغان ئاقسۇ ئالمىسى ئىدى، ئارقا سەپ خادىملىرى شۇۋرغانغا قارىماي 21 توننا ئالمىنى بىر يەشىك بىر يەشىكتىن ئاپتوموبىلدىن چۈشۈردى.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

ئەتىمىز تېخىمۇ گۈزەل

## رۇقىيەم ئۇزاقتىن بېرى يوقاتقان بەختىنى تاپتى

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز شىي خۇيبىيەن، جېڭ جو

1 - ئاينىڭ 13 - كۈنى، مۇخبىرلار كەنتتىن قايتىپ كەلگەن رۇقىيەم ئادىلنى ئۇچرىتىپ قالدى، ئۇ سەل ھاياجانلانغاندى، «ھازىر يېزىلار بەك چىرايلىق بولۇپ كېتىپتۇ، ھەممە ئائىلە دېگۈدەك يېڭى ئۆيدە ئولتۇرۇۋېتىپتۇ.» رۇقىيەم شۇنداق دېگەچ مۇخبىرغا يان تېلېفوندا تارتىۋالغان پاكىز، ئازادە يوللار، ھويلا - ئارانلاردىكى چىرايلىق ئۈزۈم باراڭلىرى، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئۆيلىرىدىكى زامانىۋى ئۆي جاھازلىرىنىڭ سۈرەتلىرىنى كۆرسەتتى.

ئەسلىدە، بۇ ئۇنىڭ بىرىنچى قېتىم يېزىلارغا چوڭقۇر چۆكۈشى بولۇپ، ئىلگىرى باشقىلارنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىغان ئىكەن، بىراق ھەقىقىي كۆرگەندىن كېيىن ئىنتايىن ھەيران قاپتۇ. «ھازىر پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ سىياسەتلىرى بەك ياخشى، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ چىرايىدىن شادلىق تەبەسسۇمى جىلۋىلىنىپ تۇرىدىكەن.» رۇقىيەم مۇنداق دېدى: بۇلارنى كۆرۈپ، ئۆزۈم بەھرىمەن بولۇۋاتقان ياخشى سىياسەتلەرنى ئويلاپ قالدىم، ئاندىن ئىلگىرى قىلغان ئەخمىقانە ئىشلىرىمنى ئويلاپ ناھايىتى خىجىل بولدۇم.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)